# ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان ئادەمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلەمدۇ؟

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

پەزىلەتلىك شەيخ ئەبدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ﴿هل تجوز الصلاة على المنتحر؟﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ عبد العزيز بن عبد الله بن باز

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2011 ـ 1432

IslamHouse.com

# ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئادەمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلەمدۇ؟

ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئادەمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلەمدۇ؟

45617-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئادەمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلەمدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش چوڭ گۇناھلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇنداق قىلغانلارنىڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن ئايەت-ھەدىسلەر بايان قىلىنغان، لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ كىشى ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلارنىڭ نامىزىنى ئوقۇشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى بىلدۈرىدىغان بەزى ھەدىسلەر بايان قىلىنغان، ئەمما بەزى ئىلىم-ئەھلى ۋە پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ باشقىلارنى بۇ قىلمىشتىن چەكلەش ۋە

توسۇش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كىشىلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ياكى چۈشۈرمەسلىك ھەققى بار.

جابىر ئىبنى سەمىرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى! «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئوقيانىڭ ئۇچى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بىر كىشىنىڭ جەسىتى ئېلىپ كېلىنگەندە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ كىشىنىڭ نامىزىنى ئوقۇمىغان». [مۇسلىم رىۋايىتى 978-نومۇرلۇق ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دەيدۇ: ئالىملارنىڭ قارىشىچە: يۇقىرىدىكى ھەدىس ئۆزىنى ئۆلتۈرۋېلىشتىن چەكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. خۇددى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قەرزى بار كىشىنىڭ نامىزىنى ئۆزى ئوقۇماي، ساھابىلارنى ئوقۇشقا بۇيرىغىنىغا ئوخشاش قەرزدارچىلىقتىن قېچىشنى بىلدۈرىدۇ.

ئىمام مالىك شەرىئەت قانۇنى بىلەن جازا بىكىتىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى پىسق-پۇجۇر سەۋەبىدىن ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ نامىزىنى ئوقۇشنى ياقتۇرمايتتى، چۈنكى بۇ شۇ خىلدىكى كىشىلەرنى چەكلەش ئۈچۈندۇر. [شەرھى مۇسلىم 7\47 ].

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەدىن: ئۆزىنى ناھايىتى كاتتا بىلىدىغان ئىشان پىر ئۆز سورۇنىدا يىلاننى كۆرۈپ قالدى، ئۇنىڭ مۇرىتلىرىدىن بەزىسى يىلاننى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ تەمشەلگەندە، ئىشان ئۇلارنى يىلاننى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەپ، كارامەت كۆرسىتىش نىيىتى بىلەن يىلاننى قولى بىلەن تۇتىدۇ-دە، نەتىجىدە ئىشاننى يىلان چېقىپ ئۆلۈپ قالىدۇ، بۇ كىشىنىڭ نامىزى چۈشۈرىلەمدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ئومۇمى خەلق نامىزىنى ئوقىسىمۇ ئەمما ئىلىم ئىگىلىرى ۋە دىنى زىيالىلار ئوقۇماسلىق كېرەك، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامىمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان، غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغان كىشىنىڭ نامىزىنى ئۆزى ئوقۇماستىن باشقىلارنى ئوقۇشقا بۇيرىغان، سەمرە ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇئەنهۇغا ئائىلىسىدىكىلەر: ئوغلۇڭ ئاخشام تاماقنى بەك كۆپ يەۋەتكەنلىكتىن كېچىچە ئۇخلىيالمىدى دېگەندە، ئۇ: ئەگەر ئوغلۇم شۇ هالەتتە ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇمايمەن دېدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆلۈمى تاماقنى كۆپ يېگەنلىكتىن بولدى، خۇددى ئۇ ئىشانمۇ باشقىلارنى يىلاننى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەپ، قولىدا تۇتۇپ تۇردى، ھەتتا يىلان چىقىپ ئۆلۈپ كەتتى، ئىلىم ئىگىلىرى ۋە دىنى زىيالىلار بۇنداق كىشىنىڭ نامىزىنى ئوقۇماسلىقى كېرەك، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانغا ئوخشاش. [پەتىۋا كۇبرا 3-توم 20-21-بەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن].

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە يەنە مۇنداق دەيدۇ: "غەنىمەتكە خىيانەت قىلغان، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ۋە قەرزدار كىشىنىڭ نامىزىغا قاتناشمىغان كىشى ياخشى ئىش قىلغان بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ شۇنداق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئەمما كۆرۈنۈشتە نامىزىنى ئوقۇماي، ئۇلارنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلسا ئىككى ياخشى ئىشنى بىر قىلغان بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ئىككىسىنىڭ بىرىنى قىلمىغاندىن ياخشى". [ ئىختىياراتۇل ئىلمىييە 52-بەت ].

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھتىن: ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كىشىنىڭ نامىزى ئوقۇلامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، مۇنداق جاۋاب بەرگەن: ئۇلارنىڭ

ھۆكمى باشقا چوڭ گۇناھ سادىر قىلغۇچىلارغا ئوخشاش بولۇپ، بەزى مۇسۇلمانلار نامىزىنى ئوقۇپ قويسا بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەھلى-سۈننى ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىدا ئىسلامدىن چىقىپ كەتمىگەن دەپ ھېسابلىنىدۇ. [ئىبنى باز پەتىۋالار توپلىمى 13- توم 162-بەت].

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھتىن يەنە: ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كىشىنى يۇيۇپ، نامىزىنى ئوقۇپ دەپنە قىلىمىزمۇ دەپ سورالغاندا، مۇنداق دېگەن: ئۇلار يۇيۇپ، نامىزى ئوقۇلۇپ مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ، ئۇ كىشى ئاسىي بولسىمۇ لېكىن كاپىر ئەمەس، چۈنكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش كۇپۇرلۇق ئەمەس بەلكى چوڭ گۇناھلاردىندۇر.

ئىنسان ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالسىمۇ، يۇيۇپ، كېپەنلىنىپ، نامىزى ئوقۇلىدۇ، لېكىن باش ئىمام ياكى ئالاھىدە نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى ئىنكار قىلىپ نامىزىنى ئوقۇماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۇنىڭ ئۇ قىلمىشى خۇددى توغرا ئىشلاردەك تەسىر پەيدا قىلىپ قويىدۇ. باش ئىمام، ياكى پادىشاھ ياكى قازى ياكى شەھەر باشلىقى قاتارلىقلارنىڭ بۇنداق كىشىنىڭ نامىزىغا قاتناشمىغانلىقى، ئۇ كىشىنىڭ قىلمىشىنىڭ خاتالىقىنى ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق قىلىش ياخشىدۇر.

[ئىبنى باز پەتىۋالار توپلىمى 13-توم 122-بەت، پەتىۋا ئىسلامىيە 2-توم 62-بەت]. ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچى جانابى ئاللاھتۇر.